## «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ

# پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(بېشى 1 - بەتتە)

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيەمىز تارىختىن بۇيان پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيەمىزنىڭ 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنى تەبرىكلىنىۋاتقان مۇھىم، زور پەيتتە، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش ئاچقۇچلۇق تۈگۈن نۇقتىسىدا، پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇش دەل ۋاقتىدا بولدى، ئىنتايىن زۆرۈر. پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت تارىخىي ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئېتىقاد، ئەقىدىنى چىڭىتىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، پارتىيەنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. بىرىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيە ئۇلۇغ كۈچىنى ھېس قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىككىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە چوڭ يۈزلىنىشنى ئىگىلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى تارىخىي تەشەببۇسكارلىقنى باشتىن - ئاخىر ئىگىلەش كېرەك. ئۈچىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ماركسىزملىق سىياسىي پارتىيەنىڭ روشەن خىسلىتىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاش كېرەك. تۆتىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. بەشىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنقىلابىي روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش كۆتۈرەڭگۈ روھىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاش كېرەك. ئالتىنچى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش بولۇشىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ قەدەمنى بىردەك ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيەۋى يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، توغرا يولدا تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتتە تاماملىشى كېرەك. بىرىنچى، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئىككىنچى، توغرا بولغان پارتىيە تارىخى قارىشى تۇرغۇزۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، ھەقىقىي تۈردە ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك. تۆتىنچى، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. پۈتكۈل جەمئىيەتتە پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەشۋىقات - تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخى بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تۈردە سىياسىي مەسئۇلىيەتنى مەھكەم زىممىگە ئېلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش ۋەزىپە قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، تەلەپكە توغرىلىنىپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇپ، تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى تەشكىللەپ رەھبەرلىك قىلىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي تۈردە بۇ مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپىنى ياخشى تاماملاش كېرەك.

فۇ جىڭخۇا مۇنداق تەكىتلىدى: مەركەز نازارەت قىلىش - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرى بويىچە، يۈزلىنىشنى ئىگىلەشنى ئاساسلىق ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت قىلىپ، تەكشۈرۈش - تۈزىتىشنى ئاچقۇچلۇق ھالقا قىلىپ، سىياسىي مەسئۇلىيەت، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، جاھىل كېسەللەرنى تۈزەش، قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىش، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى نەتىجە - ئۈنۈمى قاتارلىق بەش جەھەتنى چۆرىدەپ نۇقتىلىق نازارەت قىلىش - يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، دوكلات ئاڭلاش، ماتېرىياللارنى ئالدۇرۇپ كۆرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش، ئاممىنىڭ ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە نەق مەيداندا ئارىلاپ تەكشۈرۈش، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئاشكارا تەكشۈرۈش ۋە يوشۇرۇن زىيارەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش، تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ھەم سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ پارتىيە گورۇپپا(پارتىيە كومىتېت)لىرى بىلەن بىر نىيەت، بىر يۈرەكتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، ئۆزئارا قوللاپ، ماسلىشىپ ئورتاق ئىلگىرىلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، پۈختا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەركەز 16 - نازارەت قىلىش - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ نازارەت قىلىش - يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە ۋە شىنجاڭنىڭ سىياسىي قانۇن قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى، بۇ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي قانۇن قوشۇنىنى تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە بولغان كۈچلۈك يېتەكچىلىك قىلىش، تۈرتكە بولۇش ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتى، تىررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك؛ سىياسىي مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش - يېتەكچىلىك قىلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، نازارەت قىلىش - يېتەكچىلىك قىلىشقا قەتئىي ماسلىشىپ، نازارەت قىلىش - يېتەكچىلىك قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، قاتلامۇقاتلام بېسىم يەتكۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلامۇقاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، قەتئىي تۈردە بۇ مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپىنى ياخشى تاماملاش، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ نىشان - ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرى بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، تەلەپكە توغرىلىنىپ، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ كۆزلەپ، تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ نازارەت قىلىش - يېتەكچىلىك قىلىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، تەربىيەلەش - تەرتىپكە سېلىش ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇشى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايون، مىنىستىرلىقلار بىرلەشمە يىغىنى ھەم ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

ئىختىيارىي مۇخبىرلار **شى ياۋ، ھۆرمەتجان** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايون، مىنىستىرلىقلار بىرلەشمە يىغىنى ھەم ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو ھاۋارايى ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى جۇاڭ گوتەي، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

ئەركىن تۇنىياز مۇنداق كۆرسەتتى: ھاۋارايى بويىچە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش؛ ھاۋارايىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە ساياھەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايون، مىنىستىرلىقلار ھەمكارلىق كېلىشىمنى قەتئىي ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

جۇاڭ گوتەي مۇنداق كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايون، مىنىستىرلىقلارنىڭ ھەمكارلىق سۈپەتلىك رولىنى داۋاملىق ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ماھىيەتلىك مەزمۇننى بېيىتىپ، ساھەلەرنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ھاۋارايى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقىنى ئورتاق زورايتىپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ھاۋارايى كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا، ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى «ھاۋارايىنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىشنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىش ھەمكارلىق كېلىشىمى»نى ئىمزالاپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھاۋارايى بويىچە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، مۇھىم سۇ مەنبەلىرىدە سۈنئىي سۇنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىش، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا كۈچ قوشۇش، پۈتۈن رايون ساياھىتى ھاۋارايى مۇلازىمىتى ۋە ئىلى ساياھىتى ھاۋارايى مۇلازىمىتى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشى، جۇڭگو - پاكىستان ئىقتىساد كارىدورى ھاۋارايى بويىچە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق بەش تۈرلۈك نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى ئايدىڭلاشتۇردى.

# 2 - ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىدىن 296سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى

**ئۆز خەۋەرچىمىز** بۇ يىل 2 - ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىدىن 296سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 324 كىشىگە تەنقىد - تەربىيە بېرىلىپ ياردەم قىلىندى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسىدىن 196سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىسىدىن 100ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ 268 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك توققۇز كىشى، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك 27 كىشى، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك 232 كىشى بار.

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان 296 مەسىلىدىن قارىغاندا، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش جەھەتلەردە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماي، قىلىدىغاننى قىلماي، قالايمىقان ئىش قىلىپ، ساختا ئىش قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگىنى 157 بولۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %80.1نى ئىگىلىگەن؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا داغلىق، قىممەت ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش - سوۋغا قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا قوشۇمچە پۇل، ياردەم تولۇقلىمىسى ياكى پاراۋانلىق تارقىتىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا يەپ - ئىچىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈردىكى مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان، بۇ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا %36، %22، %14نى ئىگىلىگەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، بازارلاشتۇرۇلغان سودا توك مىقدارى ئىچىدە بىۋاسىتە سودىلاشقان توك مىقدارى 214 مىليارد 600 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئومۇمىي توك مىقدارىنىڭ %71.39نى ئىگىلىگەن؛ توك چىقىرىش ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش سودىسى 58 مىليارد 800 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئومۇمىي توك مىقدارىنىڭ %19.56نى ئىگىلىگەن؛ ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن سودا 24 مىليارد 400 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئومۇمىي توك مىقدارىنىڭ %8.12نى ئىگىلىگەن؛ توك ئارقىلىق ئىسسىنىش سودىسى 2 مىليارد 800 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئومۇمىي توك مىقدارىنىڭ %0.93نى ئىگىلىگەن.

2016 - يىلى 3 - ئايدا، شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى ئۆلكە دەرىجىلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيە سودا سۇپىسى — شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى سودا مەركىزى چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى سودا مەركىزى چەكلىك شىركىتى توك تارقىتىش كارخانىلىرى، ئېلېكتر تورى كارخانىلىرى، توك سېتىش شىركەتلىرى ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى خېرىدارلىرى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى بازار سۇبيېكتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۈنۈملۈك بازار رىقابىتى مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. شىركەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئېلېكتر ئېنېرگىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پاي تۈزۈلمىگە ئۆزگەرتىشنى تاماملاپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى بازارلاشتۇرۇش سودىسىنىڭ تولۇق ئىجازىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بازارلاشقان سودا تۈردە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى ئېنېرگىيە سودىسى چەكلىمىسىنى تۆگىتىپ، خېرىدارلارنىڭ تولۇق يېشىل ئېلېكتر ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى بازىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

2016 - يىلى، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى بازارلاشتۇرۇش سودىسىدا پەقەت ئۈچ سودا تۈرى بار بولۇپ، پۈتۈن يىلدا ئالتە تۈركۈم قېتىم سودا تەشكىللەنگەن، پۈتتۈشۈلگەن توك مىقدارى 19 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەت بولغان. 2020 - يىلغا كەلگەندە يەتتە سودا تۈرى بار بولۇپ، پۈتۈن يىلدا 65 تۈركۈم قېتىم سودا تەشكىللەندى، پۈتتۈشۈلگەن توك مىقدارى 73 مىليارد 600 مىليون كىلوۋات سائەت بولدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

## ئەلا سورت كەسىپ ئاساسىنى چىڭىتتى

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كۇچا شەھىرىنىڭ ئۇچا بازىرى قارابۇقا كەنتىگە جايلاشقان كۇچا شەھەرلىك قۇرۇقلۇق كېۋەزى تەجرىبە پونكىتىدا، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى، كۇچا شەھەرلىك قۇرۇقلۇق كېۋەزى تەجرىبە پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى ما جۈن تېما گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۇرۇقلۇق بايلىقى ماتېرىياللىرى ھەم سورت يېتىشتۈرۈش ماتېرىياللىرىنى رەتلەۋاتاتتى. «بۇ يىل بىز 1600 ئۇلۇش سورت يېتىشتۈرۈش خام ماتېرىيالى تېرىشنى مۆلچەرلىدۇق، كېيىنكى مەزگىلدىكى سورت كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۇل كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز» دېدى ما جۈن.

سورت يېتىشتۈرۈشنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئاپتونوم رايونىمىز پاختىچىلىق كەسپىدە تىپ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تايانچقا ئايلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاللاپ يېتىشتۈرۈش سۇپىسى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئەۋزەل پەن تەتقىقات كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ، بىر تۈركۈم سۈپىتى ئەلا پاختا يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈپ، پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى.

«13 - بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 70 نەچچە خىل پاختا سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، چىلگە سورت يېتىشتۈرۈش، ھوسۇللۇق سورت يېتىشتۈرۈش، سۈپەتلىك سورت يېتىشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، سورتى ئەلا، مول ھوسۇل ئىقتىدارى گەۋدىلىك بولغان بىر تۈركۈم پاختا سورتىنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىپ قوللىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

ئەلا سورتنىڭ قوللىنىلىشى پاختىچىلىق كەسپىدە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى، بولۇپمۇ، يەرنىڭ شورلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم كېۋەز رايونلىرىدا ئەۋزەللىك تېخىمۇ روشەن بولدى.

«ئۆزى يېتىشتۈرگەن سورت رايونغا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، تېخىمۇ مۇھىمى شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.» كۇچا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۇرۇقلۇق باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى رېن شىنۋېي مۇنداق تونۇشتۇردى: نۆۋەتتە، بۇ شەھەرنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق بىلەن قاپلاش نىسبىتى %99تىن يۇقىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى تاللاپ يېتىشتۈرگەن سورت بىلەن تولۇق قاپلاش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«كېۋەزنىڭ مايسا چىقىرىش نىسبىتى ھەم كېيىنكى مەزگىلدىكى ئۇزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىز بىر ئورەككە بىر تۈپ تېرىش ئەندىزىسىنى كېڭەيتىۋاتىمىز، ئۇرۇقلۇق رەسمىي ئىشلىتىلىشتىن بۇرۇن بىر يۈرۈش ئۆلچەش - باھالاش، سىناق قىلىشتىن ئۆتىشى كېرەك، ئۇرۇقلۇقنىڭ مايسا چىقىرىش نىسبىتىنىڭ %85تىن يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغاندىلا ئاندىن ئىشلەتكىلى بولىدۇ.» رېن شىنۋېي مۇنداق دېدى: سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق بىلەن ياخشى ئۇسۇلنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشى شۇ جاينىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

نۆۋەتتە، كەڭ كۆلەمدە سىناق قىلىپ كېڭەيتىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆزى يېتىشتۈرگەن پاختا سورتى تەدرىجىي ھالدا بازاردا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى، بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى %90تىن يۇقىرى بولدى، شىمالىي شىنجاڭدا ئۆزى يېتىشتۈرگەن سورتنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى %98تىن يۇقىرى بولدى.

## ئىلمىي پەرۋىش قىلىش يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىزلارنى بەرپا قىلدى

ياخشى پاختىغا تېرىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ، بۇ، تەبىئىيكى يۇقىرى ئۆلچەملىك پاختا ئېتىزى ۋە ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆلەملىشىش، تۈجۈپىلىشىش، ماشىنىلىشىش سەۋىيەسى پۈختا قەدەمدە ئۆستى، تۈجۈپىلەپ تېرىش، سۇ بىلەن ئوغۇت بىر گەۋدىلەشكەن سولياۋ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىش، ماشىنا بىلەن يىغىش قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار، ئەمەلىي قوللىنىشچان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرى كېڭەيتىلىپ قوللىنىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پاختىنى ماشىنا بىلەن يىغىش نىسبىتى %75.5كە يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى، تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئەنئەنىۋى پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتتى، دېھقانلارنىڭ كېۋەز تېرىش ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

«پەقەت يەر تۈزلەشتىن ئىبارەت بىر تۈردىلا، ھەر 200 مو يەردىن 40 مو يەرنى ئارتۇق چىقىرىپ ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ.» كۇچا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسى تېرىقچىلىق بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ماھىرە راخمان مۇنداق دېدى: يەرنى تۈزلەش ماشىنىلىشىشنى تېز كېڭەيتىش - ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى، تېرىقچىلىق ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش بىلەن بىللە، پاختا ئىشلەپچىقىرىش سۈپەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

«يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز بولسىلا، بېيدوۋ يول باشلاش تېرىش تېخنىكىسى ئىشلىتىشنى كېڭەيتىپ، تېرىشنى تېخىمۇ دەل جايىدا، مايسا چىقىرىش نىسبىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلالايمىز، تۇپراقنى ئۆلچەپ رېتسېپلىق ئوغۇتلاش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، يەرنىڭ ئوزۇقلۇقى تەكشى بولماسلىق ئەھۋالىنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدۇ» دېدى ماھىرە راخمان.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، كۇچا شەھىرى يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، تۇپراقنى جۇپلەشكەن، ئۆلچەملەشكەن تېرىقچىلىقنى كېڭەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىدىغان جاينىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى.

«نۆۋەتتە كۇچا شەھىرىدە كېۋەز تېرىقچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى 173كە يېتىپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى ئاشۇردى، شۇنداقلا كېۋەز يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىشقا پايدىلىق شارائىت ياراتتى.» رېن شىنۋېي مۇنداق دېدى: يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىنىڭ پايدىسىدا كۇچا شەھىرىنىڭ پاختا ھوسۇلى، سۈپىتى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ، ياخشى كېۋەزلىكتە ياخشى پاختا تېرىش ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر قېتىم دېھقانچىلىقنىڭ ھالقىلىق مەزگىلدە، دېھقانچىلىق تېخنىكلىرى ئېتىز - ئېرىق باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دېھقانلارغا ياردەملىشىپ ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشىدە مۇۋاپىق سۇغىرىش، ئىلمىي ئوغۇتلاش، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا ئاساس سالدى.

## يېڭىچە تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، بىر مەيدان قاتتىق ياغقۇر ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەندە، شايار ناھىيەسىنىڭ گۈلباغ بازىرى قۇمتوقاي كەنتىدە، شايار ناھىيەسى داشىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئىشىك ئالدىدا ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشنى ئالدىن زاكاز قىلغىلى كەلگەن دېھقان ئائىلىلىرى بار ئىدى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى ما جىنمىڭ بۇ بىرنەچچە كۈندە تىراكتور شوپۇرى مەمەت رېقىپ بىلەن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بۇ يىل ئۇلار 11 مىڭ مو كېۋەزلىكنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ، دېھقانلار ئائىلىسىنى يەر ئاغدۇرۇش، تېرىش، سۇغىرىش، پاختا يىغىش قاتارلىق پۈتۈن جەريانلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2017 - يىلى 2 - ئايدا، ما جىنمىڭ ۋە بىر نەچچە كەنت ئاھالىسى داشىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى ئورتاق قۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يۇقىرى ئات كۈچىگە ئىگە تىراكتور، دورا پۈركۈش ماشىنىسى، پاختا يىغىش ماشىنىسى قاتارلىق 43 يۈرۈش يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، كېۋەز تېرىشتىن يىغىشقىچە بولغان پۈتۈن مۇساپىلىك ماشىنىلاشقان باشقۇرۇشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇردى.

كەنت ئاھالىلىرىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشكە قارىغاندا، ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا ئىدىيەسىنى كەنت ئاھالىلىرىگە يەتكۈزۈش داشىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ يەنە بىر مۇھىم فۇنكسىيەسى. «بىر پاختا يىغىش ماشىنىسىنىڭ بىر كۈنلۈك خىزمەت مىقدارى 200 پاختا يىغىش ئىشچىسىنىڭكىگە تەڭ كېلىدۇ، بۇ، ۋاقىتنى تېجەپ، ئەمگەك سىجىللىقنى تۆۋەنلىتىپ، تەننەرخنى تېجەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.» مەمەت رېقىپ مۇنداق دېدى: ماشىنىلاشتۇرۇش كەلگۈسىدە پۈتۈن كەنتنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چىقىش يولى. شۇڭا، ئۇ كەنتتىكى ياشلار بىلەن ھەر يىلى بازار، ناھىيە ئۇيۇشتۇرغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ، ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكىنى ئۆگىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئىشلىتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئورتاق ئۆستۈردى.

«بۇ يىل گۈلباغ بازىرىنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 190 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان كېۋەز كۆلىمى 150 مىڭ مو بولۇپ، 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن تېرىپ بولىنىدۇ.» گۈلباغ بازارلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ھىمىت ئىبراھىم مۇنداق تونۇشتۇردى: ئىلگىرى، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك كۈچىنى ئىنتايىن خورىتىدىغان خىزمەت ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە، ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، تېرىقچىلىق تەننەرخى تېجىلىپلا قالماي، يەنە تېرىقچىلىق ئائىلىلىرى ئادەم كۈچى ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ ھالقىنى قىسقارتتى.

«بۇ يىل بىز سولياۋ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىش، تۇپراقنى ئۆلچەپ رېتسېپلىق ئوغۇتلاش، بىيولوگىيەلىك ئۇسۇلدا كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، پاختا بىرلىك ھوسۇلىنى 350 كىلوگىرامدىن ئاشۇرۇشقا تىرىشىمىز» دېدى رېن شىنۋېي.